
# غۇلجا شەھەر

# تارىخ ماتېرىياللىرى



جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى
غ.ش كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

# غۇلجا شەھەر
# تارىخ ماتېرىياللىرى

1

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى
غ.ش كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

مۇقاۋىسى: نۇرۇللا ئىبراھىم ئىشلىگەن

伊宁市文史资料第 1 辑

（维文）
伊宁市政协文史资料委员会编
准印证：（新出）字第1834号
伊犁日报印刷厂　印刷
一九九三年八月出版
（内部发行）

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# كىرىش سۆز

غۇلجا شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزگەن تۇنجى قېتىملىق «مەدەنىيەت تارىخىي ماتېرىياللار» توپلىمى ئۇزۇن ۋاقىت تىرىشىش ئارقىلىق ھازىر ئۇيغۇرچە نەشىر قىلىنىپ كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ، پۈتۈن شەھىرىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە غۇلجا شەھەرلىك كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بۇ توپلامنىڭ نەشىر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

مەدەنىيەت تارىخىي ماتېرىياللار ئېلىمىز سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى شۇنداقلا پارتىيىمىز بىرلىكسەپ خىزمىتىنىڭ يېڭى مەزمۇنى بولۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بىز شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ داۋاملىق تىرىشىپ، بۇندىن كېيىن مەدەنىيەت تارىخىي ماتېرىياللارنى داۋاملىق نەشىر قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شەھىرىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ھەر ساھەدىكى مەشھۇر زاتلار، كىتابخانلار ۋە مەدەنىيەت تارىخىي ماتېرىياللارغا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان يولداشلاردىن تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش جەھەتتە تېخىمۇ پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ، پائال تۈردە ماقالە ئەۋەتىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىي ماتېرىياللىرىنى قېزىپ چىقىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىي ما-

ئېرەدىيالىلارنى توپلاش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

بىز نەشر قىلىنغان مەدەنىيەت-تارىخ ماتېرىياللىرىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن شەھىرىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىغا، غۇلجا شەھىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ماتېرىياللىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆتمۈشنى چۈشىنىدىغان، ئازىرقىنى بىلىدىغان، كەلگۈسىگە نەزەر سالالايدىغان قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، روھىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، شەھەرلىك پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغان تۆرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن، تىرىشىپ خىزمەت قىلىشىمىز لازىم. ئېچىۋېتىلگەن، باي، گۈزەل غۇلجا قۇرۇش يولىدا ھەر قايسىمىز ئۆز زىممىمىزدىكى ئەقىل-پاراسىتىمىز ۋە كۈچ-قۇدرىتىمىزنى تۆھپە قىلىشىمىز لازىم.

بۇ توپلامنى نەشر قىلىشتا دوڭ پېيروڭ، چېن يوڭجى، خۇاڭ دىڭ، لىيۇ بىنروڭ، ئابدۇقادىر ھاجى، ۋۇشىنۋۇ، شوزولى، رىزۋان ئىلياس قاتارلىق يولداشلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. شۇڭا مەن شەھەرلىك پارتكومغا ۋاكالىتەن بۇ يولداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ھەمدە غۇلجا شەھىرىنىڭ تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش جەھەتتە جاپالىق خىزمەت قىلىپ، ماقالە توپلىغان يولداشلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ج ك پ غۇلجا شەھەرلىك كومىتېتى شۇجىسى خۇاڭ جېيەنجۇاڭ

1993- يىل 7- ئاينىڭ 23- كۈنى.

# مۇندەرىجە

غۇلجا شەھىرى تارىخىنىڭ جەريانى ........................ 1

يىتىملەرنىڭ ئىللىق ئۆيى دارىلئىتام، شەپقەتچىسى ئاتىسى ئەخمەتجان قاسىمى ................................ قاسىم ئەمىن 28

مۇسەنباي مۇسابايوفنىڭ تېرە زاۋۇتى قۇرۇش جەريانى ........................................ بۇراش ئېشىنتايوپ 38

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى بانكا ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ........................ مەھەممەتجان ئەخمىدى 49

ئىلى ئاقئۆستەڭنىڭ تارىخىي جەريانى..........شى لياڭزۇ 60

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىلى رايونىدا ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا ........................................ بۇراش ئېشىنتايوپ 72

جاڭپېيۈەننىڭ ئىلىدا ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلغان ئىشلىرىدىن بىر قىسىم تەرمىلەر ........................ لىيۇيۇڭ 81

«ياردەم شىركىتى» ۋە ئۇنىڭ ئون چوڭ ئىشى ................................................ قۇربان ھېلىم 100

ئانا مەكتىپىم — ئىلى گىمنازىيىسى ...............جياڭچېن 107

غۇلجا شەھىرىدىكى ھازىرقى 3- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قىسقىچە تارىخى ................................ ئەمىن ئىبراھىم 115

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن ھازىرغىچە ئىلىدىكى خۇيزۇلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋ-

ۋالى ...................................... مالمجى 131

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ دەۋرلىرىدىكى تە-
رەققىيات جەريانىدىن پارچىلار .............. جۇۋاۋلىك 149

خۇيزۇ مىللىتى ۋە بەش كارخانا، مۇسۇلمانچە يېمەك-
ئىچمەك ...................................... مالمجى 174

كىنونىڭ غۇلجىدا پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى توغ-
رىسىدا ئەسلىمە ............................ شۆلەنفاڭ 181

سۇنجاچىنىڭ ۋولامابۇتخانىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى... يىملىڭلىن 189

« قونتاجى » يەر نامى توغرىسىدا تەتقىقات ۋە
ئىزاھ .......................................لەي خۇكېۋ 197

كۈمۈش قۇيۇلىدىغان سۈمە خارابىسى ئۈستىدە تەك-
شۈرۈش ......................................يىملىڭلىن 205

غۇلجا شەھەر خۇيزۇ مەكتىپىنىڭ قىسقىچە تارىخى.....مايۇلىن 211

غۇلجا شەھىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە ئەس-
لىمە .......................................... مالمجى 223

ناغرا ھەققىدە ........................ ماۋېنيۈەن 251

غۇلجىدىكى چوڭ ئىشلاردىن خاتىرە شىنجاڭدا ئۆلكە
قۇرۇلغاندىن كېيىن ..........................................264

مۇھەررىردىن ..............................................270



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# غۇلجا شەھىرى تارىخىنىڭ جەريانى

غۇلجا شەھىرىنىڭ ئالدىنقى نامى نىڭيۈەن بولۇپ، قەدىمى
نامى غۇلجا دېيىلەتتى. بۇ ئادەتتە ئالتۇن قويىملىق سۈمە دەپ
ئاتىلاتتى. تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، 16- ئەسىرنىڭ 20-
يىللىرى جۇڭغار قەبىلىلىرى روناق تاپقان مەزگىللەردە جۇڭغار
خاقانى «ئاۋامنى تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىلىش» ئۈچۈن زور كۈچ بە-
لەن «سېرىق دىننى راۋاجلاندۇرۇش»نى تەشەببۇس قىلىپ، شەھەر-
نىڭ غەربىي تەرىپىگە ھازىرقى خۇاگوشەنگە ھەشەمەتلىك كاتتا بىر
دوگانگ سالدۇرغانىدى، (دوگانگ موڭغۇل تىلىدا بۇتخانا دېگەن مە-
نىدە). «بۇتخانا قەۋەت- قەۋەت بولۇپ، ئايلانمىسى بىر لى كې-
لەتتى». «پەلەككە تاقاشقان شاھ مەقبەرىلىرىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى
كۆزنى قاماشتۇراتتى، ھەشەمەتلىك كەڭ تاشا بۇتخانىلار ھەيۋەت-
لىك ۋە سۈرلۈك كۆرۈنەتتى»، بۇتخانىلار ھەيۋەتلىك بولۇپلا قالماس-
تىن، بۆلەك- بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ، قوملۇقنىڭ شىمالىغا سوزۇلغا-
نىدى»، بۇ شۇ مەزگىلدىكى ئويراتلارنىڭ بۇتقا تەۋىنىدىغان مۇقەد-
دەس جايى ۋە مەركىزىگە ئايلانغان. سۈمە قويىمىسى ئالتۇندەك
يالتىراپ تۇرغانلىقتىن، قەدىمى كىشىلەر ئۇنى «ئالتۇن قويىملىق
سۈمە» دەپ ئاتاشقان. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئالتۇن قويىملىق
سۈمەنىڭ يەر يۈزى (يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە بۇتخانا
پېشايۋىنى) غۇلجا (ئارقار) مۈڭگۈزىگە كۈمۈش يالىتىپ ياسالغان-
لىقتىن، قەدىمقىلەر ئۇنى يەنە «غۇلجا بۇتخانىسى» دەپ ئاتاشقان.
كېيىنكى كۈنلەردە «ئالتۇن قويىملىق سۈمە» ۋە «غۇلجا بۇتخانىسى»

دېگەن بۇ ئەككى ئاتالغۇ ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقىچە تەڭ تارقىلىپ، تەدرىجى ھالدا يەر نامى بولۇپ قالغان. ھازىرقى ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلار غۇلجا شەھىرىنى يەنىلا «غۇلجا» ۋە «قۇلجا» دەپ ئاتايدۇ. بۇ چوڭ غۇلجا (يەنى ئارقار) مۈڭگۈزى دېگەن مەنىدە. ئەلۋەتتە، غۇلجا دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى جەھەتتە يەنىمۇ نۇرغۇن قىزىقارلىق رىۋايەتلەر بار. بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇلۇق ۋەتىنىمىزنىڭ مۇنبەت ۋە گۈزەل تۇپرىقى بولغان مۇشۇ غۇلجىدا ئەزەلدىن تارتىپ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى بۇ يەردە ئەمگەك قىلىپ، تۇرمۇش كەچۈرۈپ، كۆپىيىپ تەرەققى قىلىپ كامالەت تاپقان. ئۇلار ئۆز ئىرقىدىكىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ «ئوتلاق قوغلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغاچ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، قەبىلە قۇرۇپ، قەبىلە نامى بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىپ كەلگەن. بىر قانچە مىڭ يىللىق ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر ۋە كۆچۈشلەردىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، جۇڭغار كۈچلىرى كۈنسېرى روناق تېپىپ ئىتتىپاق باشلىقىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئىلى يېغىلىش رايونى قىلىنىپ، دوگاڭ غۇلجىغا سېلىنغان. 1759- يىلى (چيەنلوڭنىڭ 24- يىلى) چىڭ خانىدانلىقى جۇڭغاردىكى توپىلاڭنى تىنجىتقاندىن كېيىن ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى توققۇز قەلئەگە تارقىلىشقا باشلىغان نىڭيۈەن (ھازىرقى غۇلجا شەھىرى) شەھىرىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى جىڭشو ئۇيغۇرچە دەڭ دەرۋازا دەپ ئاتالدى. جەنۇب دەرۋازىسى جياخۇي ئۇيغۇرچە سۇدەرۋازا دەپ ئاتالدى. غەربىي دەرۋازىسى خۇەيۈەننىڭ ئۇيغۇرچە كۆرە دەرۋازىسى دەپ ئاتالدى. شىمال دەرۋازىسى گويجى ئۇيغۇرچە دولان دەرۋازىسى دەپ ئاتالدى. سېپىل-

نىڭ ئېگىزلىكى 16 چى، ئايلانمىسى 4.7 لى كېلىدۇ. بۇ مەزگىلدە نىڭيۈەن (غۇلجا) ئىلىنىڭ يىغىلىش جايىغا ئايلانغانىدى. مىلادى 1851- يىلى 8- ئايدا (شيەنفېڭنىڭ 1- يىلى 7- ئاي) «ئىلى- تارباغاتاي سودا- سېتىق نىزامنامىسى» ئىمزالىنىپ، نىڭيۈەن سودا شەھىرى قىلىنىپ، «سودا- سېتىق ئەڭ گۈللەنگەن، باي سودىگەر- لەر توپلاشقان ۋە ئولتۇراقلاشقان شەھەر» بولۇپ قالدى. 1864- يىلى (تۇڭجىنىڭ 3- يىلى) تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى ھەرىكىتى- نىڭ تەسىرى بىلەن كۇچار، ئىلىدا كەينى- كەينىدىن شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان، فېئوداللىق بانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى تۇرىدىغان ھەمدە چىڭ خانىدانلىقىغا قارشى تۇرىدىغان دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭچىلار «ئالتۇن قوبىلىق سۇمە» سېپىلىغا يىغىلىپ، بۇ يەرنى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بارىگاھى قىلغان. 1866- يىلى (تۇڭجىنىڭ 5-يىلى) غۇلجا سېپىلىدا يەرلىك فېئودال مۇستەقىل ھاكىمىيىتى بولغان ئىلى سۇلتانلىقىنى قۇرغان. 1871- يىلى (تۇڭجىنىڭ 10- يىلى) چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى بىزنىڭ ئىچكى قىسمىمىزدىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، «ۋاكالىتەن يىغىۋېلىش، ۋاكالىتەن مۇھاپىزەت قىلىش» نامى بىلەن 7- ئاينىڭ 4- كۈنى ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى بې- سىۋالدى. شۇنداق قىلىپ غۇلجا قەلئەسى قولدىن كەتتى. ئەسلىدى- كى يەرلىك تۈزۈم چاررۇسىيە ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، چاررۇسىيە بىۋاسىتە تەيىنلىگەن بولۇس مەمۇرىي باش- قۇرۇش (مىڭبېشى مەنسىپىگە توغرا كېلىدۇ) تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، چاررۇسىيىنىڭ يەتتە سۇ رايونى تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ئال- تۇن قوبىلىق سۇمە چاررۇسىيىنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزىدىغان چوڭ بارىگاھى ۋە ھەربىي لاگېرىغا ئايلاندى. 1876- يىلدىن باشلاپ، چاررۇسىيە ئۆزىنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى-

مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىلىنى ئىككى رايونغا بۆلۈپ، ئىلى دەر-
ياسىنىڭ شىمالىنى شىمالىي رايون، جەنۇبىنى جەنۇبىي رايون قى-
لىپ بېكىتتى. شىمالىي رايوندىكى ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى نىڭيۈەن
قەلئەسىدە تەسىس قىلدى. ئۇنىڭ باشقۇرۇش قارىمىقى شىمالدا
تالىچى تاغلىرىدىن باشلاپ (بولو خوراۋ) جەنۇبتا مۇزات تاغ ئې-
غىزىچە، شەرقتە قاش دەرياسى ۋە كۈنەس دەرياسىغىچە، غەربتە
دوبىن ۋە بولو خوجىر دەرياسىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالدى. مىلادى 1881- يىلى 2- ئاينىڭ 24- كۈنى (گۇاڭشۇنىڭ
7- يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن
ئىگىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىپ، ۋەتەنگە ھاقارەت كەلتۈرىدى-
غان «جۇڭگو- روسىيە ئۆزگەرتىپ بېكىتىلگەن شەرتنامىسى»نى يەنى
زېمىنى بۆلۈپ بېرىپ، پۇخرالارنى ئەسىر قىلىپ بېرىدىغان، زور
مىقداردىكى پۇللارنى تالان- تاراج قىلىپ، ئىمتىيازنى زورلۇق بى-
لەن ئۆزىگە قارىتىۋېلىش قاتارلىق ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ماددى-
لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «جۇڭگو- روسىيە ئىلى شەرتنامىسى»نى
ئىمزالاپ، روسىيىلىكلەرنىڭ قولىدىن خاراپلاشقان ئىلىنى قايتۇرۇپ
سېتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلىنىڭ ئۇرغۇنلىغان زېمىنىنى چاررۇ-
سىيىگە بۆلۈپ بەردى. 1882- يىلى 3- ئايدا (گۇاڭشۇنىڭ 8- يى-
لى 2- ئاي) ئىلى رەسمىي جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئىلىدىكى
توققۇز سېپىلنىڭ كۆپ يەرلىرى بۇزۇلۇپ توپتوز بولۇپ كەتكەن-
نىدى. شۇ يىلى نىڭيۈەن شەھىرىدە ئامبال مەھكىمىسى تەسىس
قىلىندى. (مەھكىمە ئورنى ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك ئاشلىق ئى-
دارىسى، ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئورنىغا توغرا كېلىدۇ) 1888- يىلى
(گۇاڭشۇنىڭ 14- يىلى) نىڭيۈەن نامىيە بولۇپ قۇرۇلۇپ، خۇيىنىڭ،
شىچۇڭ قاتارلىق ئىككى سېپىلنى ئۆز تەۋەلىكىگە قاراتتى. بۇنى-
كونىلار شەرقتىكى ئۈچ سېپىل دەپ ئاتاشتى. (ھازىرقى ئوبلاستى-



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

لىق ئاشلىق ئىدارە ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئورنىغا توغرا كېلىدۇ)
تۆت پاسىلى شەرقتىن ئاۋاككىچە، جەنۇبى دەريانىڭ جەنۇبىدىكى
قاينۇقىچە، غەربى چەيلەگزىگىچە، شىمالى پىلىچىگىچە، شەرقىي-شى-
مال چېگرىسى ئۆلاستاي دىگەنوس ئېغىزىغىچە، شەرقىي-جەنۇب
چېگرىسى توققۇزتارا قاراسارغىچە، غەربىي-جەنۇپ چېگرىسى سۆيە-
دۇڭ روسىيىگىچە، غەربىي- شىمال تەرەپى يېڭى گاڭگول جىلغا نا-
ھىيىسىگىچە بولدى. تۆت يېزىدا جەمئى 57 جاڭزا بولۇپ، كونىلار
بۇنى يۈزلىكى دەپ ئاتايتتى. ئىلى مەھكىمىسى ئىلى تارباغاتاي
ھەربى گارنىزونى يىلىن باشقىلارغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. (دوتەي
يامۇل مەھكىمىسى ھازىرقى ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى ئورنىغا
توغرا كېلىدۇ). چاروسىيە سودىگەرلىرى بۇ يەردە توپلىشىپ ئول-
تۇراقلىشىپ كەتكەنلىكتىن بازارلاردىكى سودا ھوقۇقى روسىيىلىك-
لەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىپ، مىللىي ئىگىلىك ئېغىر ھالدا ۋەي-
رانچىلىققا ئۇچرىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى--ى
توققۇز سېپىل، خۇيىنىڭ، شىچۈاڭ قاتارلىق ھازىرقى غۇلجا شەھە-
رىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى ئىچىدىكى جايلارغا تارقالدى. خۇيىنىڭ
سېپىلى (يەنە بىر نامى بايانداي سېپىلى) 1766- يىلى (چيەنلوڭ
نىڭ 31- يىلى) قۇرۇلدى. بايانداي دېگەن سۆز موڭغۇل تىلىدى-
كى بايىندا دېگەن ئاتالغۇدىن كەلگەن بولۇپ، مۇنبەتلىك جاي
دېگەن مەنىدە. سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى 10 چى. ئايلانمىسى 3.5 لى
كېلىدۇ. 1769- يىلى (چيەنلوڭنىڭ 34- يىلى) سېپىل نامى خۇي-
نىڭ دەپ ئاتالدى. سېپىل دەرۋازىسىنىڭ شەرق تەرەپى--ى يىڭ،
غەرب تەرەپى جىياۋفېڭ، جەنۇپ تەرەپى زونجى، شىمال تەرەپى--ى
چىڭچو دەپ ئاتالدى. 1778- يىلى (چيەنلوڭنىڭ 43- يىلى) شى-
ئەندە تۇرۇشلۇق 2 مىڭ مانجۇ ئوفىتسىر- جەڭچىلىر ئىلىغا يۆتكەپ

كېلىندى. 1779- يىلى (چيەنلوڭنىڭ 44- يىلى) قورغان قورۇلۇپ، مەخسۇس بىر گازارما تەسىس قىلىنىپ، ئايرىم ھالدا بىر تۇتۇق مەھكىمىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 1780- يىلى (چيەنلوڭنىڭ 45- يىلى) خوينىڭدا چارلاش ئەترىتى تەسىس قىلىندى. 1803- يىلى (جيا- چىڭنىڭ 8- يىلى) سەككىز خوشەن تەسىس قىلىنىپ، مەخسۇس بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، تېرىقچىلىق قىلىندى. سېپىل ئىچىدىكى بولاق سۈيى سىرتقا ئېقىپ تۇرغانلىقتىن، سېپىل ئىچىدىكى ھەربىي گا- زارمىلار پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ كەتكەنىدى. 1805- يىلى (جياچىڭنىڭ 10- يىلى) جياڭجۈن سۇنجۇن يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ، قورۇلۇشنى غەرب تەرەپكە يۆتكىدى. ھەمدە جەنۇبىي- شىمالنىڭ غەربىگە ئىككى دەرۋازا سالدۇرۇپ، غەربىي- شىمال دەرۋازىسىنى سۈيچىڭ، غەربىي- جەنۇب دەرۋازىسىنى شىبو دەپ ئاتىدى. 1865- يىلى (تۇڭجىنىڭ 4- يىلى) دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ سېپىلنى بېسىۋالدى. 1871- يىلى (تۇڭجىنىڭ 10- يىلى) چار روسىيە تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، خوينىڭ سېپىلىنى ئىشغال قىلىۋالدى.

شەچۆڭ سېپىلى 1780. يىلى (چيەنلوڭنىڭ 45- يىلى) قورۇل- غان بولۇپ، قەدىمى يەر نامى قارا بولاقتىدى. بۇنى كونىلار چىلپەڭزە دەپ ئاتايدۇ. سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى 10 چى، ئايلانمىسى 2.2 لى كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئۈچ دەرۋازا سېلىنىپ، شەرق تەرەپتىكى جىن- ئەن. جەنۇب تەرەپتىكىسى گويجى، شىمال تەرەپتىكىسى نىڭشۇاڭ دەپ ئاتالدى. سېپىل ئىچىگە تۇتۇق مەھكىمىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1871- يىلى (تۇڭجىنىڭ 10- يىلى) چار روسىيە تويۇقسىز ھۇجۇم قى- لىپ، سېپىلنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى پۈتۈنلەي خارابىلىققا ئايلان- دۇرۇۋەتتى.

مىڭگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنئەنىسىگە

ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، نىڭيۈەن ناھىيەسى
ئىلى مەھكىمىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى. 1914- يىلى (مىنگونىڭ
3- يىلى) نىڭيۈەن ناھىيەسى خۇنەن ئۆلكىسىدىكى نىڭيۈەن ناھـ
يەسى بىلەن ئوخشاش ئاتىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، غۇلجا ناھىيەـ
سى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، شۇندىن ئېتىبارەن غۇلجا دېگەن نام
بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. 1920- يىلى (مىنگونىڭ 9- يىلى) ئىـ
لى ئۆلكىسى ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلىپ، غۇلجا ناـ
ھىيەسى بۇنىڭغا تەۋە بولدى. 1937- يىلى (مىنگونىڭ 26- يىلى)
ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسى كۈرەدىن غۇلجا ناھىيەـ
سىگە كۆچۈپ كىردى (مەھكىمە ئورنى ھازىرقى ئىلى شۆبە ھەرـ
بىي رايون ئورنىغا توغرا كېلىدۇ) غۇلجا ئۇ زاماندىن
ئارتىپ، شىنجاڭنىڭ غەربىي- شىمالىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد،
مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالدى. 1939- يىلى (مىنگونىڭ 28-
يىلى) غۇلجا ناھىيەسى توققۇزتارا ناھىيەسىدىن ئايرىلىپ چىـ
قىپ، ياماتۇدىن مازارتاغ ئېغىزىغىچە بولغان ئارىلىقىسى غۇلجا
ناھىيەسى بىلەن توققۇزتارا ناھىيەسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تو-
مۇمىي چېگرا قىلدى. مازار دەرياسىنىڭ غەربىي ۋە شەرقىدىكى
كەنتلەر توققۇزتارا ناھىيەسىگە تەۋە بولدى. تارى كەنـ
تى دەرياسىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىدىكى كەنتلەر غۇلجىغا تەۋە بولدى
تارى كەنتىنىڭ يۇقىرىسىدىكى يول ئېغىزىدىكى سۇ چېگرا قىلىـ
نىپ، شەرق تەرىپى توققۇزتاراغا، غەربىي تەرىپى غۇلجىغا تەۋە
بولدى. شۇ مەزگىلدە غۇلجا ناھىيەسىگە قاراشلىق يەر كۆلىمى
369.2 كىۋادرات كىلومېتىر (487508 مو)، ئاھالىسى 112509 ئىدى.
سېپىلنىڭ شىمالىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلى قۇرۇلدى، ئۆچـ
دەرۋازىغا چازا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، روسىيە سودىگەرلىرى ئېلىپ
كىرگەن ماللار تەكشۈرۈلدى. دۆلەتنىڭ ئابرويى يوقۇلۇپ، ئىسسى

بارچىسى يوق بولۇپ قالدى. شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىغا ئاي-
رودروم ياسالدى. 1942- يىلى (مىنگونىڭ 31- يىلى) غۇلجا نا-
ھىيىسىدە بەش رايون تەسىس قىلىندى. بىرىنچى رايون بايان-
داي، ئىككىنچى رايون چېلىكيۈزى، 3- رايون ئۈنيارىيۈزى، 4-
رايون ئاراتۆستەڭ، 5- رايون جىرغىلاڭ قىلىپ بېكىتىلدى. ئاند-
دىن باشقا يەنە سەككىز مىڭبېشى بار ئىدى. 1943- يىلى (مىنگو-
نىڭ 32- يىلى) ئىلى مەمۇرىي باش مەھكىمىسىنىڭ نامى ئىلى
مەمۇرىي نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەر-
تىلدى. ئورۇنلاشقان ئورنى ۋە تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ئۆزگەرتىل-
مىدى. 1944- يىلى (مىنگونىڭ 33- يىلى) 9- ئايدىن- 11- ئاي-
غىچە، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايلاردا كەينى- كەينىدىن گومىن-
داڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ-
لار پارتلىدى. 11- ئاينىڭ 13- كۈنى غۇلجا ناھىيە بازىرى
(ھازىرقى غۇلجا شەھىرى) ئىشغال قىلىنىپ، شۇ ئاينىڭ 15- كۈ-
نى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.
(ھازىرقى ئىلى شۆبە ھەربىي رايون ئورنىغا توغرا كېلىدۇ). 1949-
9- ئاينىڭ 25- كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەر-
لىكىدە ھەر مىللەت خەلقى جياڭجېشى خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاش-
لاپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇ يىلى
12- ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غۇلجا ناھىيىسىگە
كېلىپ ئورۇنلاشتى. 1950- يىلى 6- ئايدا غۇلجا ناھىيىلىك خەلق
ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، (ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورنى ھازىرقى ئوب-
لاستلىق ئاشلىق ئىدارە ماشىنسازلىق زاۋۇتى ئورنىغا توغرا كې-
لىدۇ) ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى تەۋەلىكىدە بولدى (ۋالىي مەھكىمە
ھازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى ئورنىغا توغرا كېلىدۇ).
شۇنىڭ بىلەن مىڭبېشى، يۈزبېشى تۈزۈمىدىكى فېئوداللىق ھاكىمىيەت

يىكار قىلىنىپ، 14 رايون دەرىجىلىك، 59 يېزا دەرىجىلىك خەلق
ھۆكۈمىتى ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى. 1952- يىلى 5- ئاينىڭ 23- كۈ-
نى غۇلجا ناھىيىسىدىن ئايرىپ غۇلجا شەھىرى قۇرۇلدى. غۇلجا شە-
ھىرى يەنىلا ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولۇپ، شەھەر تە-
ۋەسىدە بەش رايون، ئىككى يېزا، 43 كوچا- مەھەللە (1- رايوندا
يېڭىشەھەرگە قارايدىغان 11 كوچا- مەھەللە، 2- رايوندا بازارغا قا-
رايدىغان سەككىز كوچا- مەھەللە، 3- رايوندا قارادۆڭگە قارايدى-
غان توققۇز كوچا- مەھەللە، 4- رايوندا شەھەر ئىچىگە قارايدىغان
يەتتە كوچا- مەھەللە، 5- رايوندا قازانچىغا قارايدىغان سەككىز
كوچا- مەھەللە يەنە ئازاد يېزا، تەرەققىي يېزا قاتارلىق ئىككى
يېزا) بار ئىدى. شۇ مەزگىلدىكى غۇلجا شەھىرىنىڭ تۆت ئەتراپى
شەرقتىن جىرغىلاڭ چوڭ كۆرۈكىگىچە، غەربتىن ئىلى — ئۈرۈمچى
تاش يولىدىكى شەھەر رايونىغا يېقىن بولغان بىرىنچى كۆرۈككىچە
(باش كۆۋرۈك دېمەكچى)، جەنۇب تەرىپى ئىلى دەريا بويىغىچە،
شىمال تەرىپى ئاق ئۆستەڭ بويىغىچە بولۇپ، شەرقتىن غەربكىچە
بولغان ئۇزۇنلۇقى 10.2 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە 10.8 كى-
لومېتىر، كۆلىمى 110.16 كۋادرات كىلومېتىر ئىدى. شۇ يىلى 10-
ئايدا غۇلجا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. 1953- يىلى
7- ئاينىڭ 31- كۈنى ئۆلكىگە قاراشلىق شەھەر قىلىپ ئۆزگەرتىل-
دى. شۇ يىلى 9- ئاينىڭ 19- كۈنى شەھەرگە قاراشلىق بەش
رايون سەككىز رايون قىلىپ تەڭشەلدى. ئىككىنچى يىلى سەككىز
رايون بىرلەشتۈرۈلۈپ بەش رايون قىلىندى. 1955- يىلى 7-ئاي-
دا غۇلجا شەھىرى ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ،
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتى تەۋەلىكىگە ئۆت-
تى. شۇ يىلى 2- ئايدا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەرلىك
خەلق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. شەھەرگە قاراشلىق ھەر قايسى را-

يون، يېزىلارمۇ بىرلىكتە رايونلۇق، يېزىلىق خەلق كوممۇنىستلىرىغا
ئۆزگەرتىلدى. 1- رايوننىڭ نامى يېڭى شەھەر رايون، 2- رايون-
نىڭ نامى بازار رايونى، 3- رايوننىڭ نامى قارادۆڭ، 4- را-
يوننىڭ نامى شەھەر ئىچى رايونى، 5- رايوننىڭ نامى قازانچى
قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1957- يىلى غۇلجا ناھىيىسى جىلىيۈزىگە كۆ-
چۈپ چىققاندىن كېيىن، شەھەر بىلەن ناھىيە تەۋەلىك جەھەتتە
تولۇق ئايرىلدى. 1958- يىلى رايونلار ئارقىتىۋېتىلىپ، گوڭشې
تەسىس قىلىندى. شەھەر ئەتراپى رايونلىرىنىڭ ھەممىسىدە خەلق
گوڭشېلىرى قۇرۇلدى، 10- ئايدا غۇلجا شەھىرىدىكى 1-، 2-، 3-،
5- رايونلاردا ئايرىم- ئايرىم ھالدا«قىزىل يۇلتۇز»، «شەرق شامىلى»،
«بەخت»،«قىزىل بايراق» قاتارلىق تۆت گوڭشې ۋە بىر شەھەر رايونى
قۇرۇلدى. 1959- يىلى 3- ئاينىڭ 15- كۈنى «شەرق شامىلى»گوڭشېسى
(ئەسلىدىكى 2- رايون) بىلەن «بەخت»گوڭشېسى(ئەسلىدىكى 3-رايون)
بىرلەشتۈرۈلۈپ، نامى «بەخت»گوڭشې دەپ بېكىتىلدى. شۇ مەزگىلدە
پۈتۈن شەھەر ئۈچ شەھەر ئەتراپى گوڭشې، بىر شەھەر رايونى
قىلىندى. 1960- يىلى 4- ئاينىڭ 25- كۈنى شەھەر رايونى ئە-
مەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «سۇزۇكبۇلاق» خەلق گوڭشېسىغا ئۆزگەرتىلىپ،
قارمىقىدا سەككىز باشقۇرۇش رايونى تەسىس قىلىندى. 1961- يىلى
7- ئاينىڭ 1- كۈنى «سۇزۇكبۇلاق» خەلق گوڭشېسىنىڭ قارمىقىدىكى
سەككىز باشقۇرۇش رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 11- ئاساسىي قات-
لام كوممىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1963- يىلى «سۇزۇكبۇلاق» گوڭشېسى-
نىڭ نامى «فەنشيۈ»(شيۈجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش) گوڭشېسىغا ئۆز-
گەرتىلدى. 1965- يىلى «بەخت» گوڭشېسىنىڭ 8- ئىشلەپچىقىرىش دا-
دۈيى بۆلۈنۈپ چىقىپ، تۇغراق گوڭشې قۇرۇلدى. 1966- يىلى«بەخت»
گوڭشېسىنىڭ نامى «دوڭفاڭخوڭ»(شەرق قىزاردى) گوڭشېسىغا ئۆزگەر-
تىلدى. 1967- يىلى تۇغراق گوڭشېسىنىڭ نامى «دوڭفېڭ» (شەرق



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com